دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ

□ قومۇل شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن باش تەپتىش ئامىر تالىپ

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا پىسەنت قىلماي، ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلىدى ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىششىتەك رەزىل قىلمىشىغا قارىتا، شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن ھەم ئامېرىكىنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

پۇتقا ئاياغنىڭ دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ سىياسىي - قانۇن سىستېمىسىدىكى بىر خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت ئەھۋالى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تېخىمۇ چۈشىنىمەن، شۇنداقلا تېخىمۇ سۆز قىلىش ھوقۇقۇم بار. چۈنكى مەن شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى باشتىن كەچۈرگۈچى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنىڭ مەنپەئەتلەنگۈچىسى. مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارغا ئېنىق ۋە قەتئىي ھالدا شۇنداق دەيمەنكى، شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا قىلچە زىيان يەتكۈزمىدى، بەلكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بارلارنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇپ قالدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار«قانۇن لايىھەسى» يامانغا يانتاياق بولغانلىق، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە ئۇنى يوققا چىقارغانلىق، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار، سىلەر دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەدىن زەھەرلەنگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىقىدا ئاتالمىش «يۆتكىلىپ غازات قىلىش» بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، نۇرغۇن كىشىنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى، ئەسەبىزم پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ياكى كۈشكۈرتۈلۈپ، مەجبۇرلىنىپ، ئازدۇرۇلۇپ قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى، ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، ھاياتلىققا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، قانچىلىك بىگۇناھ ھاياتلىقنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، قانچىلىك بەختلىك ئائىلىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئېغىر دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى، تىنچ، ئىتتىپاق جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بىگۇناھ ئاممىغا چوڭقۇر ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەمسىلەر. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ئاممىنى بارلىق زامانىۋىلىق، مەدەنىيلىك نەتىجىسىگە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى، دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىنى بۇرمىلىدى. ئۇلار تېلېۋىزور كۆرسە، رادىيو ئاڭلىسا، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇسا بولمايدىغانلىقىنى تەرغىب قىلدى، كىشىلەرنىڭ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويىنىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، تويدا كۈلۈشكە رۇخسەت قىلمىدى، دەپنە مۇراسىمدا يىغلاشقا رۇخسەت قىلمىدى.

بۇنداق كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە قارىتا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭدىكى مەقسەت تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى مەنبەدىن تۈگىتىش. ئەسەبىزم ئىدىيەسىنىڭ يۇقۇملىشىغا قارىتا، مەجبۇرلانغان ھەم قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بارلارنى تەلىم - تەربىيە مەركىزى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى، تىل ئالاقىسى ھەمدە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزى ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئاغزىدىكى ئاتالمىش «جازا لاگېرى» ئەمەس. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»نى قوبۇل قىلغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى، بۇ ئەسلا ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش» ئەمەس. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 90 نەچچە دۆلەت ۋە رايوننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى قاتارلىق 1000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئەمەلىي زىيارەتكە قاتنىشىش ئەھۋالى شۇنى ئىسپاتلىيالايدۇكى، شىنجاڭنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە خەلقئارا جەمئىيەتنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى.

ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، تۇرمۇش سۈپىتى بارغانسېرى ئۆسۈۋاتىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى. شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارغا شۇنداق دېمەكچىمەنكى: ئەجابا بىز ئۇيغۇر قېرىنداشلار تويغۇدەك تاماق يېيەلمەي، مۇقىم تۇرىدىغان جايىمىز بولماي، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشتىن بارا - بارا يىراقلاپ كەتسەك، ئاندىن بىزنى بەختلىك ھېس قىلامسىلەر؟ ئەجابا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، داۋالغۇش ئىچىدە يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولۇپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرسە، ئاندىن بىزنى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىگە ئېرىشتى دەپ ھېس قىلامسىلەر؟ ياق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ! بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلارمۇ سىلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىڭلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ! بىز سىلەرنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنى قانات ئاستىغا ئېلىش، يول قويۇشتەك رەزىل قىلمىشىڭلاردىن، سىلەرنىڭ خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىققا ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپ زومىگەرلىك ئەپت - بەشىرەڭلاردىن ئىنتايىن يىرگىنىمىز! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما سىلەرنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»ڭلارغا موھتاج ئەمەس!

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھازىر ئىگە بولغان ئىناق، تىنچ ۋەزىيەت ۋە بەختلىك تۇرمۇشنى چەكسىز قەدىرلەيدۇ، بىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بۇ بەختىيارلىققا ۋە خاتىرجەملىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز!

# شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان يالغان - ياۋىداق سەپسەتىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن

□ تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى
مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ئوسمان مۇھەممەت

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا رەزىل نىيەتتە ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگونىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلىدى، ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسكەن بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە قانۇن سىستېمىسىنىڭ كاپالىتىدە، كىشىلىك ھوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللەندى، ئورتاق تەرەققىي قىلدى، ئورتاق ئىلگىرىلىدى. شىنجاڭدا، ھەر مىللەت خەلق سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر، قانۇن بويىچە ئوخشاش ھوقۇق - مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى دەۋا تەلىپىنى ئۈنۈملۈك ئىپادىلىيەلەيدۇ، قانۇن بويىچە دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇق - مەنپەئەتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىزچىل ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەۋقە ۋە مەقسەت قىلىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەت قىلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى جازالاش بىلەن بىللە، كۆپ ساندىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش ۋە قولغا كەلتۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. مەن بارلىق ۋىجدانلىق ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ زومىگەرلىك قىلمىشىغا قەتئىي ياق دېيىشىنى مۇراجىئەت قىلىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭغا ئەسەبىي ئىدىيە سىڭىپ كىرىپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى؛ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى؛ پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ سىنىپتا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى، قانۇن بىلىملىرىنى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، تۈرى كۆپ بولغان مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەكلەرنى ھەقسىز تەمىنلىدى. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئەركىن، خۇشال - خۇرام ئۆگەندى، تۇرمۇش كەچۈردى، كۆڭۈل ئاچتى. تەربىيەلەنگۈچىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋاتقانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ زەھەرلىك يېمىگە ئايلىنىپ قالمىغانلىقىدىن خۇشال بولدى. تەربىيەنى تاماملىغان نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ماھارىتىگە تايىنىپ مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ياخشى كۈن كەچۈردى.

ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرگە تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇتۇپ، روھىي كىشەندىن قۇتۇلدۇردى. ھازىر، شىنجاڭنىڭ جەمئىيىتى تىنچ، ئىناق، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق - ئىناق ئۆتمەكتە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەلىم - تەربىيە مەركىزى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ تىنچ - خاتىرجەم كۈنلىرى بولمايتتى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتىغا بولغان سەممىي ئارزۇسى قاندۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، بىز بۇنى ھەسسىلەپ ئاسرىشىمىز، ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ جايغا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئوبلاستى(شەھىرى) دەپ نام بېرىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قومۇل شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى دىققەتنى باش نىشانغا چىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تەشۋىق - تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» ئىدىيەسىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەيدىغان ۋە قوغدايدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇردى.

قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى قاتارلىق توققۇز ئورۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋاستىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، «نەمۇنىلىك ئىشىك» «نەمۇنىلىك بىنا» «نەمۇنىلىك ئولتۇراق رايون» «نەمۇنىلىك سىنىپ» «نەمۇنىلىك بۆلۈم - ئىشخانا» «نەمۇنىلىك ئىش ئورنى» قاتارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «ھۈجەيرە قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئوبلاستى(ۋىلايىتى، شەھىرى)»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلدى؛ 59 ئورۇنغا «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى(ئورنى)» دەپ نام بېرىلدى.

# شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

□ قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى قىزىل بايراق يولى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۇساجان ئابدۇۋاست

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»دە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرى ۋە شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە بۆھتان چاپلاندى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە قوللانغان قوش ئۆلچىمى، ئۇلارنىڭ ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەش مەسئۇلىيىتىم بار، مەجبۇرىيىتىم بار.

مەن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قارامايدا تۇغۇلغان. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرى پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇ «قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتمەيدىغان» چۆل - باياۋاندا زامانىۋى شەھەر قۇردى. باللىق چاغلىرىمدا، يۇرتۇمدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق - دوستانە بولۇپ، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرەتتۇق، ھەر مىللەت دوستلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنەتتۇق، كۆپچىلىك ناھايىتى خۇشال ياشايتتۇق. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، بىر نەچچە دوستۇم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇپ بولۇپلا، داۋاملىق ئوقۇشنى خالىماي، بىلىم ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى يوق دەپ قارىدى؛ بەزىلىرى ئەسلىدە بىللە ئويناپ يۈرگەن باشقا مىللەت دوستلىرى بىلەن داۋاملىق ئارىلاشمايدىغان بولدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ئەتكەن تاماقنىمۇ يېمەيدىغان بولدى؛ كوچىدا بىر قىسىم نىقابلىق كىيىم كىيىدىغان كىشىلەر پەيدا بولدى؛ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان توي مۇراسىمدىكى شوخ ئۇسسۇل، يېقىملىق ناخشا ساداسىمۇ يوق بولدى. ئەينى چاغدا نېمە بولغاندۇ دەپ ئويلىدىم، نېمە ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ كەتتى؟

2012 - يىلى مەن شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم، ئۇ يەردە بەش يىللىق ھەقسىز مائارىپنى قوبۇل قىلدىم. 2017 - يىلى، مەن ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، قارامايغا قايتىپ دىنىي ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، مەسچىتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش» يولغا قويۇلۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك، غەمخورلۇق قىلغانلىقنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ئىپادىسى. بۇنداق تەدبىرلەر يەنە ناھايىتى كۆپ. بۇ يىل 3 - ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى باياناتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلىدى. لېكىن، مۇشۇنداق ئېنىق، چۈشىنىشلىك پاكىت ئالدىدا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار قاراپ تۇرۇپ ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا شىنجاڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەۋاتىدۇ دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھازىر، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق - ئىناق، دىنلار ئىناق - رايىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ - خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ، زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە، مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئىنتىلىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى كۈنسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ. قارامايدا ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، قارامايدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئامما ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزىغا ئولتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ قۇرۇلۇش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل يۇرت - ماكان بەرپا قىلماقتا.

شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈۋاتىدۇ، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىم ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالىدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)